# 304204 ـ مەسىھ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرىسىدا

**سۇئال**

مەسىھ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟، بۇ سۆزنىڭ ئىسلامدىكى ئەھمىيىتى قانداق؟ بۇ سۆزنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىشارەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

مەسىھ دېگەن سۆز؛ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ لەقىمى بولۇپ، ئالىملارنىڭ بايان قىلىشىچە ئىسا ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى بىر قانچە قاراشلارغا كۆرە بۇ لەقەم بىلەن ئاتالغان:

1–ئاللاھ تائالا ئۇنى گۇناھتىن پاك قىلغان.

2– ئۇ بەرىكەتلىك قىلىنغان.

3–ئىسا ئەلەيھىسسالام مېيىپ-كېسەللەرنى سىلاپ قويىسا ساقىيىپ كېتەتتى دېيىلگەن. ["تەپسىر تەبەرى-5"توم-409 بەت. مەككىينىڭ "ئەل ھىدايە-3 "توم-1013 بەتكە قارالسۇن].

"ئىبنى ئەتىيە-1 "توم-436 بەتتە مۇنداق دېگەن: "كىشىلەر مەسىھ دېگەن سۆزنىڭ تۈرلىنىشى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشتا بولدى: بەزى كىشىلەر بۇ ئىنسان بىر يەرلەرگە بارسا ۋە ئەتراپىنى كەزسە، زېمىندا ساياھەت قىلدى ۋە قىلىدۇ دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن .

كۆپچىلىك كىشىلەر بولسا: پەئىيل ئۆلچىمىدىكى مەسىھ دېگەن سۆزدىن دېگەن. مەسەھە دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىش شەكلىدە ئوخشىمىغان قاراشتا بولدى: بىر قىسىم ئالىملار: يەر كۆلىمى–بوشلۇق– دېگەن مەنىدە مۇشۇنداق ئاتالغان، چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالام خۇددى زېمىننى ئۆلچىگەندەك ماڭاتتى.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: مەسىھ دەپ ئاتىلىشى: ئىسا ئەلەيھىسسالام ساقايمىغان مېيىپ–كېسەللەرنى– قولى بىلەن سىلاپ قويسا دەرھال ساقىيىپ كېتەتتى. بۇ قاراشتا: پەئىيل دېگەن ئۆلچەمگە ئاساسەن قىلغۇچى دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئىبنى جۇنەير: ئىسا ئەلەيھىسسالام بەرىكەت بىلەن سىلانغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغان دەيدۇ.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار: ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇقەددەس-پاك-ماي بىلەن سۈرتۈلگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغان دەيدۇ، بۇ قاراشتا: پەيغەمبەرلەر ئۆلچەمگە ئاساسەن قىلىنغۇچى دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

يەنە بەزى ئالىملارنىڭ: ئاللاھ ئۇنى سىلاپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇناھتىن پاك بولغان دېگەن قارىشى بويىچىمۇ قىلىنغۇچى دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئىبراھىم نەخەئى: مەسىھ دېگەن راستچىل-سەمىمى دېگەن بولىدۇ دەيدۇ. ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلغان ئەسەردە: سىلاش ئىگىسى دەپ ئاتالغان، چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈكلەرنى تىرگۈزۈش ۋە باشقا مۆجىزىلەرگىمۇ ئىگە بولغان دەپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئاجىز-ھۆججەتلىككە يارىمايدىغان قاراش، ئىبنى ئاببباس دىدى دېگەن سۆز توغرا ئەمەس".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.